# ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ
# رۇبائىلىرىدىن
# تاللانمىلار

ئېلكىتاب تۈزگۈچى: ئابرال

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# رۇبائىيلىرىدىن

## 1

شېئىر يازماق ئاسان،ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ھېرىس تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋۋال سەن ئۆزۈڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

# 2

ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،

ھەر تەندە ئۇ ھەرخىل ھېس قىلار ئىكەن.

ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابى،

ئىلغىدا ئېسسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

ئۆتنه يپرم قلماق تۇرمۇشتا بار ئش،

بلمنى ئۆتنگه ئالماقلق خار ئش.

براۋنڭ توندا تەرلەيمەن دېمەك،

ۋجدانلق كشگه بر ئۆمۈر هار ئش.

# 4

**يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پىلەك،**

**چېچەكسىز پىلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.**

**ئۇزارغانسېرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى،**

**بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبرەك.**

5

ئاسمانغا نەزەر سال يۇلتۇز بىساناق،

ئۈسۈشمەي ئۆتدۇ ئەزەلدىن ئىناق.

جاھان كەڭرى دوستۇم يېتەر ھەممىگە،

ئادەمگە ياراشماس، سۆڭەك تالاشماق.

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،

تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.

ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،

ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

# 7

شۆھرەت كەمرىگە ئۇزاتقۇچە قول،

ئوتۇنچى ئايالنىڭ ئارغامچىسى بول.

تاجدارلارنىڭ تاجىسى كۆزى بولغۇچە،

كۆكلەم يامغۇرنىڭ بىر تامچىسى بول.

# 8

بىلمەكتىن مۇراد،نام ـ شۆھرەت ئەمەستۇر.

شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.

بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،

ھوسۇلى ئەلگە بولسا ،ئۇشبۇ بەستۇر.

# 9

سايلام بلەن كشى تۆرگە چققان بار،

بهەت قۇشى قونسا ئەمەل تۇتقان بار.

ۋە لېكن ئالملق مەرتۋسنى،

ريازەتسز قاچان بېرپ تاپقان بار.

# 10

تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەڭرى ئالدىدا،

تەڭ ئەمەس بىز لېكىن دەۋر ئالدىدا.

كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،

تەڭ بولىمىز ئاخىرى يەنە قەبرە ئالدىدا

# 11

مەجنۇنتال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،

سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلدۇ تەزىم.

سۆت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا،

بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم.

# 12

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زۆھرەسى ياخشى،

مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.

مىنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق قەلبىمگە،

ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

چىۋىننىڭ قانتى ئايىنى ياپالماس،

چۈمۈلە ھارۋىنى يولدىن توسالماس.

ئالقانچە يەردىكى قۇياش نۇرىنى،

مىڭ ھارۋا تۇپىمۇ ھەرگىز كۆمەلمەس.

# 14

شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،

مۆلدۈرگە باھارۇ كۈز بىردەك ئىمىش.

ئۇتۇقتا يوق دېمە ئوڭۇشسىزلىقنى،

كىشىلىك ھاياتى شۇ دېمەك ئىمىش.

# 15

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر كېسەك،

گەرھالۋا بەرسەڭمۇ تېزەكلەر ئېشەك،

كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق ،

يەپ ئاددىي يوپۇرماق بىرىدۇ يىپەك،

# 16

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغدۇ ،

جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغدۇ،

مۇبادا رەشك- ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،

تېرىقنىڭ قاسىرىقمۇ ئاران سىغدۇ،

# 17

سۇۋادان تىرەككە تاش ئاتماس كىشى

سەۋەب شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يېمىشى

يېمىشلىك دەرەخكە تەككەچ كۆپ تاياق ،

ھەمىشە يورۇق تۇردۇ بېشى.

ياشلىق ھەركىشىنىڭ گۈلىستان بېغى،

ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.

بىر قاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دېگەن،

ياشلىقنىڭ شۇ سۈتنىڭ قايمىقى،يېغى.

دۇئا قىلسا ھەر ۋاخ مۆمىن مۇسۇلمان،

تىلەيدۇ دوزاختىن بولماقنى ئامان.

ۋە لېكىن،دوزاخنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش،

«مەن ئۆزۈم قورقىمەن نادانىدىن يامان».

بىر نادان ئۆگەتسە ساڭا دانىش

كۆلۈپ قويغىن سەن ئاڭا،قىلما كايىش.

ئىشەكنىڭ بىم ەھەل ھاڭراپ تاشلىشى،

ئاتوم دەۋرىدىمۇ ،تۇرمۇشتا بار ئىش.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
# رۇبائىيلىرى

## 1

مۇھەببەت ئىزقويماس كەش كىيىپ كېلەر
سېھىرلىك قارماقتەك كۆڭۈلنى ئىلەر
ئۇ شۇنداق ئوغرىكى ئوغرىلانغۇچى-
تەگرىدىن ئوغرىغا شاپائەت تىلەر

# 2

شرنى يەڭگەن ئەزىمەت شېرىن سۆزگە ئەل بولدى

يامغۇر سۈيىدىن قېچىپ يولۇققنى سەل بولدى

گۈزەللەرنى ئاختۇرۇپ، يۈرگەن ئىدى مەنستمەي

ئاخىرىدا تاپقىنى كۆزى ئەما «چەل » بولدى.

# 3

ئۆمۈر بىر دەرەختۇر، يېتىشتۈر مېۋە

ئەجىر قىل «ئاغزىمغا ئۈجمە چۈش » دېمە

ئۆزگىنىڭ بېغىدا يايرىغان چىغلىك

كۆرەلمەي ھەسەتتىن چىللىما دىۋە.

# 4

ئادەمنىڭ يۈرىكى قۇدرەتتى چاغلىق
بۇ قۇدرەت مۆجىزى ئەقىلگە باغلىق
ئەقىلغۇ نېسۋە ئادەملەر ئۈچۈن
ۋە لېكىن ئەل ئىچرە دانا ساناقلىق

# 5

بەش كۈنلۈك ئۆمۈر دەپ ئۈمىد ئۈزمىگىل

ۋە يانا ئۆلمەسكە پىلان تۈزمىگىل

ھاياتنى قەدىرلە، زىننەتلە، رەتلە

دەريادىن گۆھەر سۈز، لۆجە سۈزمىگىل.

# 6

كۆڭۈل گۈلشەن،كۆڭۈل غەزنىە،
كۆڭۈل شەربەت،كۆڭۈل ئالەم،
كۆڭۈلگە گەر گۈزەللىك ھەم
كەرەملىك بولسا يار ھەمدەم.
كۆڭۈل دەۋزەخ ،كۆڭۈل زىندان،
كۆڭۈل ئاغۇ، كۆڭۈل ئاپەت،
كۆڭۈلگە گەر خۇنۈكلۈك ھەم
قاباھەت پۈكسە ھەر ئادەم

# 7

سرىڭنى ئېيتما دۈشمەنگە،
ئۇنى ھەم دوستقا پىنھان تۇت
بەختسىزلىك بالا دەشتىدە،
بىل يالغۇز دەرەختۇر قۇت
رەقىبىڭ ئايلىنۇر دوستقا ،
بولۇرلەر دوستمۇ ھەم دۈشمەن
پەلەك ئايلانما چەرخكى
سەۋەب سورساڭ :ئۇ تىلسىز بۇت.

# تۇرغۇن ئالماس

# روبائىلىرى

## 1

جاھالەت ئارماننى بوغدى قەپەستە،
يۈرەگىم سىقىلدى بولدى شىكەستە.
شۇندىمۇ ئۆلمىدى قوزغىغان ۋىجدان،
ئوت چاچار زۇلمەتكە ئوتلۇق نەپەستە.

# 2

رەنجى تۈن كۆزلەر پايانىدا
كۆيۈپ ئۆچكەن قەدەر،
قۇش كەبى پەرياتتا كۆڭلۈم
سەن ئۈچۈن چىللاپ سەھەر...
مەيلى ئىشقىڭ ۋەجدىن
تاغلارچە كۈلپەت باسسىمۇ
زىكرى قىلغايمەن ۋەتەن!
دەپ تاكى دەم تارتقۇچە يەر.

# 3

زور ھاقارەت ئەر ئۈچۈن
ئالسا گەر قۇللۇقنى تەن،
جان نېمە؟ جاندىن ئەزىز
ئەر ئۈچۈن بىلسەڭ ۋەتەن!
چۈنكى ئۇ ـ جەڭچى،
ھايات غازى،شېھىدتۇر يۇمسا كۆز...
شۇڭا ھازىر تۇرغۇلۇق
يۇيماقتا ئارنى قان بىلەن.

# غەنىزات غەيۇرانى
# روبائىلىرىدىن

## 1

بۇ دۇنيا ئىنسانغا قونالغۇ-ئۆتەڭ،

بەزىگە بەكمۇ تار،بەزىگە بەك كەڭ.

شۇ قىسقا ئۆتەڭدە ھاياتلىق ئۈچۈن،

بولىدۇ ئۈزلۈكسىز،توختىماستىن جەڭ.

# 2

مەن ئەمەس شائىر،لېكىن
شېئىرنى جاندەك سۆيگۈچى،
سۈيىدە لەيلەپ-چۆكۈپ،
ئوتىدا شامدەك كۆيگۈچى.
چۈشسە گەر بېشىمغا كۈن،
ئېلىپ ئۇنىڭدىن كۈچ،چىدام،
ئاچ-زېرىن قالسام ئۇنىڭ
ئىلھامى بىرلەن تويغۇچى

# 3

قىلمىغان بولسام كەچۈر
قەدرىڭنى يۇرتۇم ئىلگىرى،
مەن ئۈچۈن گۆھەر بۆگۈن
ھەتتا تېشىڭنىڭ ھەر بىرى.
مەيلى شاھ،مەيلى گاداي
بولسۇن،ۋەتەندىنمۇ مۇھىم
نەرسە يوق ئىنسان ئۈچۈن،
بىلدىم ئېنىق بارغانسېرى

# 4

كۆرمسەم ھەر كۈن جامالڭنى
ماڭا كۆز نە كېرەك،
ئېيتمسام ئسمڭنى تەكرارلاپ
ماڭا سۆز نە كېرەك.
تۇرمسا قەلبمدە گۈل قەددڭ
كۈنۈ تۈن جان كەبى
بۇ ۋاپاسزلق ماڭا بەرمەمدۇ
ئۆلگەندن دېرەك

# 5

«ئاق»دېسە قۇندۇزنى باشلىق،
مەن دېدىم:«قاردىنمۇ ئاق»،
«ياش»دېسە ئاق باش مومايىنى
ھەم دېدىم:«پاقلان بوۋاق».
دەۋېرىپ دائىم ئاشۇنداق
جىقلاپ نەپ ئالدىم،لېكىن،
شەكلىم ئادەملىكتە قالدى،
خىسلىتىم كەتتى يىراق.

# 6

هۆركرەپ ئۆتتۈم ئەمەلنىڭ
بارىدا يولۋاس بولۇپ،
قايسى كۈن چۈشتۈم شۇئان
ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ .
يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد
دوختۇرغا سۆرەشتى،دەرىخ
ياكى كىردىم ئىتىكاپقا
ئەل ئارا چىقماس بولۇپ.

# 7

ئاھ،ئەجەب تارتتىم ئۇزۇن يىل
بىر پىراقنىڭ دەردىنى،
نە پىراق،راست گەپكە بولغان
ئىشتىياقنىڭ دەردىنى.
دېسە گەر«ماي»لايىنى ئەرباب،
دە«بۇ پاقلان قۇيرۇقى»
تارتمىغىن ھەرگىز مېنىڭدەك
سەنمۇ«ياق»نىڭ دەردىنى.

# 8

نە ئۈچۈندۇر ئاي جامالىڭدىن
تۇرار غەم-دەرد يېغىپ،
مىسلى چولپان كۆزلىرىڭدىن
نۇر ئەمەس ھەسرەت يېغىپ.
رازىدىم ئۇشبۇ ھاياتىمدا
ئەگەر كۆرسەم سېنىڭ
تۇرغىنىنى كۆزلىرىڭدىن
غەم ئەمەس نۇسرەت يېغىپ.

# 9

ئاھ،سېنىڭ ئىشقىڭدا جانان،
كۆيدى ـ ئۆرتەندى يۈرەك،
بىلمىدىم ۋەسلىڭگە يەتمەكلىك
يولىدا نە كېرەك؟
گەر بۇ ئىشقىم يولىدا كۆيسەم
قورايدەك كۈل بولۇپ،
مەن ئۈچۈن، ئاڭلا بۇ دەل
ۋەسلىڭگە يەتكەندىن دېرەك.

# 10

بولسا شاھ،چاشقان ئەگەردە
ئامتى ئوڭدىن كىلىپ،
ئايلىنار ئەتراپىدا شىر پۆكلىنىپ،
تەزىم قىلىپ.
«شاھىمىزنىڭ قۇدرىتىدىن يېرىلار
تاغۇ-تاشلار چاكۇ - چاك»،
دەپ چاپارمەنلىك قىلار
يولۋاس جاھانغا جار سىلىپ .

# 11

## كەلگىنىڭدە تۇنجى رەت

«كەلدىم،ـ دېدى،ـ مېھمان بولۇپ».

مەن دېدىم:«مېھمان ئەمەس،

ياق،كەل چوقۇم جانان بولۇپ» .

ئەمدى بىلسەم ئەي قەلەمقاش،

ئاشۇ چاغ كەلگەندە سەن،

تومۇرۇمغا قان بولۇپ

كىرگەنىكەنسەن جان بولۇپ.

# 12

ھەر سەھەر ئىسمىڭنى دەپ
ئويغانغىنىمنى بىلمىدىڭ،
ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى
تولغانغىنىمنى بىلمىدىڭ.
ئۆزگىلەر توي تارتىشىپ
ماڭغاندا شادلىق ئىچىدە،
مەنلا ھەسرەت بىرلە
«ئاھ!»دەپ قالغىنىمنى بىلمىدىڭ.

# 13

بىر ئۆمۈر ۋەسلىگىنى دەپ

ئۆتتۈم،يېتەلمىدىم بىراق،

ئايلىنىپ كوچاڭدا يۈردۈم

يا كېتەلمىدىم يىراق.

كەتمىدىم،كەتمەيمەن ھەرگىز،

ماڭغىنىم ماڭغان مېنىڭ،

ئۈشبۇ يولدا تۇرسىمۇ

گەرقەدەمدە بىر تۇزاق.

# 14

ئامتىڭنىڭ بارىدا يانتاقنى
قىسساڭ گۈل بولۇر،
گەر ئېشەك مىندىڭ، قارايسەنكى
شۇئان دۈلدۈل بولۇر.
ئامتىڭ قاچقاندا ئىككى
چاڭگىلىڭغا ئالتۇن ئال،
سەن يۇمۇپ-ئاچقۇنچە چاڭگالنى
ئۇ ئالتۇن كۈل بولۇر.

# 15

بولمىغىن ھەيران بۇرادەر،
جاھان رەپتارىغا،
بەزىلەرنىڭ كۆلكىسى ھەم
بەزىلەرنىڭ زارىغا.
تويمىسا ئايرىملىرى بايلىق،
ھوقۇققا بىر ئۆمۈر،
كۆپلىرى شۆكرى قىلىپ
ياشايدىكەن يوق-بارىغا.

## 16

بەزىلەر ئازراق ئەمەلنى ئۆتتى
ئەڭگۈشتەر قىلىپ،
سانجىدى ئەل كۆكسىگە گويا
ئۇنى نەشتەر قىلىپ.
ئاخىرى ئەل ئاھى تۇتقاچ
ئۇل «جانابلار»نى بۈگۈن،
تاشلىدى رەسۋايىئالەم
ھەممىدىن بەتتەر قىلىپ.

## 17

قىلغىنىم يالغاننى راست،
ئىكەن ۋاقتىلىق ھادىسە،
بىر مەھەل«بىڭسىم بۇ»دەپ
كەتتىم كۆرەڭلەپ ھە دېسە.
بولدى پاش ئەل ئالدىدا
ئاخىر بۇ بىڭسىمنىڭ سىرى،
مەن كەبى رەسۋا بولۇر ھەركىم
ساختا شۆھرەت ئىزدىسە.

# 18

## ھەممىسى بولدى دېمە

راست گەپكە سەندەك ئىنتىزار،
بەزىلەر(تۇرمۇشتا)بار ئەكسىچە
راست گەپتىن بىزار.
چۈنكى،ئۇنداقلار قىلىپ تۆھمەت
ۋە يالغاننى كەسىپ،
ئالدى نەپ بۇئىشتا قالتىس
سودىسى تاپقاچ بازار.

# 19

ماھىرى مەن كۆرستىشنىڭ

تۆگمىنى تاغدەك قىلىپ،

سۇ،گىياھسىز چۆلنى گويا

مېۋىلىك باغدەك قىلىپ.

دىلىدا غەم،كۆزلەرمۇ نەم

بولغان مۇسىبەت كۆڭلىنى،

خۇددى ئايەم بولۇۋاتقان

شاد-خۇرام چاغدەك قىلىپ.

# 20

زور ماھارەتتۇر كۆتۈرمەك
تەخسنى قاملاشتۇرۇپ،
پاختىدەك يۇمشاق قىلىپ قولنى
يەنە مايلاپ تۇرۇپ.
كۆزىتىپ دىققەت بىلەن
ھەر دەم جاھان رەپتارىنى،
تەخسە ھەم ئەربابىنى ۋاقتىدا
تۇرۇش ئالماشتۇرۇپ.

# 21

بارمدۇ دۇنيادا جاي سۆزى
شبكەر يالغانچى يوق؟
سۆزلىرى شىرىن لېكىن دىلى
زەھەر يالغانچى يوق؟
ماختىسا ئالدىغدا،ئارقاڭدىن
پىچاق تەڭلەيدۇ،
ئىككى تىللىق،ئىككى يۈزلۈك
ھىيلىگەر يالغانچى يوق؟

# 22

دىلرەبا«سۆيگەن سىنى مەن»
دەپ بولۇر ئۆلپەت ماڭا،
ھەم دېگەن«ئۆمرۈمدە بۇكەلگەن
ئىسل پۇرسەت ماڭا.»
ئاڭلىغانتىم سۆيگۈ ئىنسانغا
ھالاۋەت بۇلىقى،
ئەكسچە كەلتۈردى ئۇ دەرد
ھەم ئىغىر كۈلپەت ماڭا.

# 23

هېچ ئەمەس يەرشارى ئىشرەت،
كەيپ ـ ساپا مەيخانىسى،
بىلىسىڭىز ئۆتكۈر رىقابەتتە
ھاياتىنىڭ مەنىسى.
مەيلى خالاڭ،خالىماڭ
باغلىق ئەمەس ئارزۇغا ئۇ،
ھەرقاچان دۇنيا دېگەن
مەڭگۈ رىقابەت سەھنىسى.

# 24

ماڭا تەقدىرمدۇ جانان،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆرتەنمەك؟
كېچىلەر تولغىنىپ ھەر يان
كىرىپ يوتقانغا پۈركەنمەك؟
جامالىڭنى كۆرۈش بىر رەت
نېسىپ بولمامدۇ ئاشىققا،
پېشانەمگە پۈتۈلگەنمۇ
جۇدالىق دەردىگە كۆنمەك؟

# 25

شادلىنىپ سايرامدۇ بۇلبۇل
ئاڭا گۈلزار بولمىسا،
لالە ۋەسلىگە يېتەلەمدۇ ئۇ
بىدار بولمىسا.
قايسى مەقسەت بولغۇسى
ھەل بىرغىنا ئارزۇ بىلەن،
جان تىكىپ ئىلىشقۇچى
باتۇر پىداكار بولمىسا.

# 26

دىلرەبا،كەتتىڭ مېنى
ھەسرەت بىلەن داغدا قويۇپ،
دىل سۇنۇق،روھۇم تۆۋەن،
ھالىم خاراب چاغدا قويۇپ.
بىللە چىققان سەيلىگە بىز
بەل ئېشىپ،قىرلار ئېشىپ،
ئاھ،ئەجەب قاچتىڭ بۆگۆن
مېنى خەتەر تاغدا قويۇپ.

# 27

دىلرەبا،تۆت كۆز بىلەن

كۈتتۈم سېنى تەشنا بولۇپ،

كۆپ كۈتۈپ ھەسرەت چېكىپ

گۈلدەك يۈزۈم كەتتى سولۇپ،

قېنى ئېيت راست گەپنى بىر،

ئەمدى مېنىڭمۇ كەلمىسەڭ،

تاقىتىم تاق بولدى،

سەۋرىم كاسسى كەتتى تولۇپ.

# 28

ياشاشنى خالىسا ھەركىم
ئۇزۇنراق ئۇشبۇ ئالەمدە،
رىقابەت روھى مەۋج ئۇرغاي
ئۇنىڭ قەلبىدە ھەر دەمدە.
رىقابەتسىز ياشاش بەرھەق
ماماتلىق يولى،يوق شۈبھە،
ئۆتەر ئۇنداق ھايات جانسىز،
ئۈمىدسىز غەمدە،ماتەمدە.

# 29

ئاھ،ئەجەب بولدۇم ئۇزۇن يىل

سۆيگۈ-جاناندىن جۇدا،

سۆيگۈ دەپ قالغاندىم تاس

بولغىلى جاندىن جۇدا.

بولمىسام دەيمەن جاھاننى

باسسىمۇ توپان سۈيى،

بۇ گۈزەل تۇپراق-دىيارىم

گۈل-گۈلستاندىن جۇدا.

# 30

ئاتتىمۇ تاڭ،بولدۇ كەچ،قارا

دوستۇم،بولدى چۈش،

«قانمىدىم ئۇيقۇمغا»دەپ ئۇخلاپ

پىشىندە كۆرمە چۈش.

باللار لەگلەكتىدەك غۇر-غۇر

شامالدا لەيلىمەي،

تام تۇتۇپ ماڭساڭمۇ ئۆز پۇتۇڭ

بىلەن ماڭ،يەرگە چۈش.

# 31

يۆگمەچنى دېسە«رەيھان»،
زەپ ياراشقان ئات دېمە،
ماختىنىپ لاۋقا ئېشەك«مەن
ئات»دېسە،«سەن ئات»دېمە.
پىتنە ئوقياسنى كۆڭلۈڭ
ئۆزگىلەرگە تەڭلىسە،
سۇندۇرۇپ تاشلا ئوچاقنى،
«قېنى چەنلەپ ئات»دېمە.

# 32

تاڭ سەھەر بېغىمدا بۇلبۇل
شۇنچە مۇڭلۇق سايرىدى،
ئۇيقۇلۇق خامۇش دىلىم
گۈلدەك ئېچىلدى،يايرىدى.
دەل شۇ چاغ قوشنام چىقىپ
بۇلبۇلغا چەنلەپ ئاتتى تاش،
سۇندۇرۇپ ئاھ گۈلنى،
بۇلبۇلنى شۇ باغدىن ئايرىدى.

## 33

ئۆمرىمىز ئۆتمەكتە خۇش-شاد،
يەپ-ئىچىپ مېھمانلىشىپ،
ھەممە ئىش تېخنىكا بىرلەن
كەتتى بەك ئاسانلىشىپ.
بۇ كەبى دەۋران ئىچىدە
باشقىسىدىن نېمە غەم،
توي تۆگۆل،نەزىرمۇ بولغان
تۇرسا رېستۇرانلىشىپ.

## 34

ئۇستىسى مەن گەپ تېپىشنىڭ
ئارقىسىدىن كىشىنىڭ،
قىلغىنى بىر نۆرى ھەتتا
ئويلىمىغان ئىشىنىڭ.
تۇتسا پەيزىم بۇ ھۈنەردە
دەپ بېرەلەيمەن شۇئان،
ئاشۇ كەڭ ھىممىت سېپىنىڭ
سانىنىمۇ تېپىشنىڭ.

# 35

چۈش كۆرۈپ تاپقان خەزىنەڭ
ئەتىسى قوپقۇنچە يوق،
ئون تاغار قىلساڭ قۇرۇق گەپ
ئېغىزنى ئاچقۇنچە يوق.
ئۇنى ئالداپ،بۇنى بابلاپ
كېرىلىپ يۈرگەن بىلەن،
ئاشۇ قۇزغۇنچە هاياتىڭ
بىر يىلى بىر كۈنچە يوق.

# 36

# توغرىمۇ قىلماق سۆكۈت

بىرلىكنى ۋەيران قىلسا«لىق»*،
توخۇ چاچقان دان-تېرىقتەك
ئەلنى سەرسان قىلسا«لىق».
كالتە پەم،ئەقلى كوتا،
جان باقتى ئەخمەقلەر تۈگۈل،
شەخسىي نەپ،شۆھرەت ئۈچۈن
ئاقلنى نادان قىلسا«لىق».

# 37

گېپى چوڭ،پاق-پاق بولاركەن

ئىشلىمەسنىڭ كاللىسى،

بولغىنى ئوخشاش يالغان

مولىلىنىڭ چوڭ سەللىسى.

ئارزۇيۇم شۇكى مېنىڭ،قالسا

بولۇپ بۇ ھالىمىز، :

ماختىنىپ ئەجداد بىلەن

بىخۇد ياشاشنىڭ پەللىسى.

# 38

رەڭ،بوياق بەرسەم رەسمگە
كەتتى قالتىس يارىشىپ،
ئۇنى كۆرسەم،خالايىق
كۆردى قىزغىن تالىشىپ.
ۋە لېكىن مەنمۇ ئۆزۈمنى
دەل ئاشۇنداق بويىسام،
شۇ خالايىق قالدى نەپرەت
كۆزى بىرلەن قارىشىپ.

# 39

ئىنسان دېگەن ھەممە
قۇۋلۇق،شۇملۇقلارنىڭ پىرىمۇ؟
زېمىن ئاشۇ شۇملۇقلارنىڭ
ئۈنۈپ چىققان يېرىمۇ؟
بوزەك قىلىش بىر-بىرىنى،
كۈچلۈكلىرى كۈچسىزنى،
ئەييۇھەنناس،ھاياتلىقنىڭ
ماھىيىتى ـ سىرىمۇ؟

# 40

بولدۇ ھەر قانداق ئىشنىڭ
باشلىنىش ھەم ئاخىرى،
بولغىنى ئوخشاش سەپەرنىڭ
باشلىنىپ توختاش يېرى.
ۋەسلى دىدار پەيتى ئازقالدى،
چىدا گۈل مەشۇقۇم،
سەن چىدام،تاقەت،شىجائەتنىڭ
ئەمەسمۇ دىلبىرى.

# 41

سورىدىم تەكشۈردۈم ھەمدە،
يېزى يوق قش يوق ئىكەن،
توختىماستىن بىر ئۆمۈر
ئاغرىيدىغان چىش يوق ئىكەن.
«ئۈجمە پىش،ئاغزىمغا چۈش»دەپ
ياتسا گەر ئەخمەق،نادان،
ئاغزىغا ئۈجمە چۈشۈپ
ياشايدىغان ئىش يوق ئىكەن .

# 42

پاھ،قاراڭ تۇرمۇش دېگەن
شۇنداق كۆڭۈللۈك،ئەل بىغەم،
كۈلكە كەتمەس چېھرىلەردىن،
يوق پەقەت كۆزلەردە نەم.
ياڭرىماقتا دورا ئېلانلىرى،
جاندىن غەم يېمەڭ،
ئىچۈرۈلسە ئۇ شۇئان
تىرىلدۈرەر ئۆلۈكنى ھەم.

# 43

غازنى ئاتماستىن تۇرۇپ قورداق

ئۆچۆن قىلما سانا،

جۇل دېمەي كىي كىيمىڭنى،

ئۇنى پات-پات يۇ، ياما.

تاج كىيسەڭمۇ ئوغرىلاپ سېنى

ھېچكىم شاھ دېمەس،

باشقىلارنىڭ نەرسىسىدىن

قىلمىغىن شۆھرەت-تەمە.

پاقنى پۆۋلەپ،ئۇنى ئاسمان
پەلەك ئۇچتى دېسە،
كىرپىنى قالتىس كۇلۇك*ھەم
ئارغىماق پۇشتى دېسە.
كەينىچە كۆلمەمدۇ ھەركىم
تۇرسمۇ تەڭلەپ قىلىچ،
دۆڭنى ئالغان سارنى
ئالەمچە زەپەر قۇچتى دېسە.

45

سادىلىقتىن قۇۋ سۆزىگە
ھە دەپ قۇلاق سالغان قىز،
سۆزلىسە شېرىن نۇتۇقلار راست
دەپ چاۋاك چالغان قىز.
ئالغىلى ئەمدى پۇشايماننى
تاپالماستىن قاچا،
كۆكتىكى غاز شورپىسىغا نان
چىلاپ يەپ قالغان قىز.

# 46

ياز چناردەك تۇرۇپتۇ قشتمۇ
قار لەيلىسى،
بەك كۆڭۈللۈككەن ئۇنىڭ
قىلسا تاماشا،سەيلىسى.
ئوخشتىپ ئۆزىنى لەيلىگە
گىدەيگەن سۇمبۇلنىڭ،
قارنى كۆرمەستىن تۇرۇپ
چىقتى سولۇپ ۋەللەيلىسى.

# 47

«غادايغانغا غادايغىن
بىشىڭ كۆككە يەتكۈچە،
ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن
بىلىڭ سۇنۇپ كەتكۈچە».
دېگەنىكەن دانالار
تەتقىق قىلىپ ئىنسانىنى،
مېڭىش لازىم شۇ يولدا
بۇ دۇنيادىن ئۆتكۈچە.

# 48

سورار بولساڭ ئەگەر مېنى،
مۇشەققەت چۆلدە بارمەن،
يولۇڭدا تارتقىنىم گەر ئاز،
يەنە تارتىشقا تەييارمەن.
يېزىلغانىكەن پېشانەمگە
سېنىڭ يولۇڭدا ۋەيرانلىق،
مۇكاپات مەن ئۈچۈن جانان
بۇ يولدا قانچىلىك خارمەن.

## 49

مۇھەببەت يۇرتىدا كەزدىم،
ۋاپا ئاتلىق جانان ئىزدەپ،
نە جانان ئىنساندىن
ئەقەللىي مېھرىبان ئىزدەپ.
تاپالماستىن بولۇپ سەرسان
ھاياتىم پەللىگە يەتتى،
چۈشەندىمكى،يۈرۈپتۇرمەن
ئۆزۈمدەك بىر نادان ئىزدەپ.

## 50

ئاي جامالىڭنى يوشۇردۇڭ
شۇنچە يىل جانانە قىز،
قىلدىڭ ھىجران چوغىغە
تاشلاپ مېنى ۋەيرانە قىز.
چىقمىغان بولسا ئېسىڭدىن
ۋەدىمىز،قالما بولۇپ،
سۆيگۈ بابىدا ماڭا چۆچەكتىكى
ئەپسانە قىز.

# 51

چېقىلغان*چۈشسە بىردىنلا
خۇشامەتنىڭ بىناسىغا،
ۋابا تەگسە ئۇنىڭ ئاشنالىرى
ھەتتا خۇداسىغا.
تولاتتى بارچە كائىنات،
كىشىلىك ئالمى شۇندا
ھاياتلىقنىڭ خوشال-ياڭراق
ھۇزۇرلۇق كۈي-ناۋاسىغا.

# 52

ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىي بىر تۇرسا،
ئۇنى«ئون»دەپ جاكار قىلما،
كىشىنىڭ ئونىنى«بىر»دەپ
ئۇڭا جەبرۇ جاپا قىلما.
خەلق سەزگۈر،گۇۋاھ تارىخ،
ھامان بىر كۈن بولۇر سىر پاش،
نىيەتنى رۇسلا،بۇ بابتا يەنە
قايتا خاتا قىلما.

# 53

ياخشىنى «ياخشى» دېيىش

ئىنسانى خىسلەت،بىلگۈلۈك.

ئەكسىچە بولغاندا ئۇ

ۋىجدانى ئىللەت،بىلگۈلۈك.

مەيلى كىمنىڭ بولسا ئەلگە

گەر مۇناسىپ تۆھپىسى،

بىلدۈرۈش ھۆرمەت ئۇنىڭغا

بىر خىل پەزىلەت،بىلگۈلۈك.

كېرىلمە دەپ ھۇزۇرلاندىم
تىرىكتاپلىق غىزاسىدىن،
ھەزەر قىل ئاقىۋەت بىر كۈن
تۇتار ئەلنىڭ قىساسىدىن.
قۇتۇلدى قايسىبىر دەۋران
ھوقۇقنىڭ قازىسى ئاخىر،
ئۇ ئالەم يا بۇ ئالەمدە
ھامان تارىخ جازاسىدىن.

# 55

ئىناقلىق سۈيگە پات-پات

چۆمۈل،ئۆزۈڭنى پاك ئەيلە،

نىزا باغرىغا دۇچ كەلسەڭ

تىلىپ قىل پارە،چاك ئەيلە.

ۋەتەن،مىللەت ئۈچۈن گەر

تاغ يۇلۇش جېڭى زۆرۈر بولسا،

بېغىشلا ھەممە بارىڭنى،

يىگىتتەك ئىشتىراك ئەيلە.

# 56

كەچۈر،بىر مەرتە ئۆت
ئەگەر بولسا گۇناھىمدىن،
خەۋەردار بىرلا سەن يالغۇز
مېنىڭكى ئوتلۇق ئاھىمدىن.
كېچىشكە رازى مەن جاندىن،
جانانىدىن،راھەتۇ شاندىن،
پەقەت ئايرىلمىسام بولدى
سېنىڭدىن-گۈل دىيارىمدىن.

# 57

نەۋائى،لۇتفى،سەككاكى

تەپەككۇر كۆكنىڭ ماھى،

غەزەل دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس،

كۆمۈلمەس مەڭگۈلۈك شاھى.

كىرىپ گۈلشەنگە«خەمسە»*

پۇراپ گۈل يايرىسام بەزەن،

«دىۋان»**شەربەتلىرى مەيدەك

بىھوش قىلدى مىنى گاھى.

# 58

تەمە قىلما ئەجىر قىلماي

ھوسۇلدىن،كۆپ دارامەتتىن،

«خىزىرنىڭ سۇپرىسى»يەڭلىغ

ئىلاھى غايىب ئامەتتىن.

ئوتتۇنچى قىسمىتى ياكى

كېسەكچى«شۈكرى»سى ئەلا،

خۇشامەتچى ئاتا قىلغان

تاغارلاپ«ئالىي»ھۆرمەتتىن.

# 59

بۇ جاھاندا ھەممىدىن ئىنسانغا

تەڭسىزلىك يامان،

تۆگمەي كەلدى بۇ تەقدىر

زامانلاردىن زامان.

ھەرنە ئىش بولغاندىمۇ ئىنسانغا

تەقدىر شۇ ئىكەن،

كۆچلۈكى ئۇۋۇچى،دەرىخا...

كۆچسىزى ئۇۋكەن ھامان.

# 60

سېرىق قۇشقاچمۇ سايرايدۇ،
لېكىن زاتى ئەمەس بۇلبۇل،
قىزىلگۈل يېنىدا ئۆسكەن قىياقنى
كىممۇ دەر ئۇ گۈل.
ئاتاق-شۆھرەتكە پەرۋانە
بولۇپ ئوتىدا كۆل بولما،
تىلەپ ئالماققا پۇل ياخشى،
لېكىن شۆھرەت ئەمەستۇر پۇل.

61

مىنىپ تۇلپارىغا ئىشقىنىڭ

ئۈزۈن مەنزىلگە ماڭغاندا،

گويا گۈلخان كەبى شۇل

ئىشق ئوتى قەلبىمدە يانغاندا.

دادام«ئوغلۇم بۇ يولدىن قايت،

ۋاپاسىز ئۇ،بۆلەك يار تاپ»

دىسە«ياق»دەپ مانا قالدىم

ئەجەبمۇ داغدا،ئارماندا.

## 62

خىيال،قىلمىشلىرىڭنى ھېچ مېنى
بىلمەيدۇ دەپ قالما،
مېنى ئۇ مەڭگۈگە شۇنداق
قېنىپ كۈلمەيدۇ دەپ قالما.
پەسىللەر ئالمىشار دائىم،
تەبىئەت قانۇنىدۇر بۇ،
زىمىستان كىردىمۇ ئاخىر
باھار كەلمەيدۇ دەپ قالما.

# 63

كىشى ئېيتقاننى تەكرارلاش تېخى
هاجەت ئەمەس جايدا،
قۇياش چىققاندا ئۆگزىگە
چىراغ ياققانچىلىك پايدا.
نەھاجەت يالتىراقلاتماق ئۈچۈن
ئالتۇنغا ھەل ئىزدەش،
ھامانە پارقىرار ئالتۇن ئۆزۈن
يىل ياتسىمۇ لايدا.

# 64

جىدەل شۇڭقاردىن ئەلگە

ئىناقلىق كەپترى ياخشى،

ۋاپاسىز ھۆسنى چولپاندىن

ساداقەت سەتلىرى ياخشى.

قاناتتىن بىخەۋەر ئالدىن

ئۇرۇنما كۆككە ئۇچماققا،

ساۋات ئاچماققا قامۇستىن

ئىلىپبە دەپترى ياخشى.

65

دېھقان»دەيمەن سورالسا گەر

«جاھاندا نېمە ئەڭ چىلك»دەپ،

ئۇ چىڭلىق بابىدا ئۈستۈن

قۇيۇچ-گاڭدىن،بۇ ئەڭ جىلك گەپ.

مەگەردە ئاشۇ نەس يىللار*دېھقان

بېشىغا چۈشكەن كۈن

چۈشەر بولسا تەڭرىتاغمۇ كېتەتتى

يۈز مېتىر پەسلەپ.

# 66

لېۋىڭدىن بال بېرىپ شۇل كەچ
ماڭا شادلىق ئاتا قىلدىڭ،
شۇ كۈندىن بېرى بىر دەردكە
ئەجەبمۇ مۇپتىلا قىلدىڭ.
بۇلۇت كەينىگە مۆككەن
ئاي كەبى چېھرىڭنى كۆرسەتمەي،
خىيال دەرياسىغا تاشلاپ
يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ .

# 67

ئۆزۈمنى قانچە كۆپتۈرسەم
ئەمەلدە يىگىلدىم شۇنچە،
سولۇپ ياپراقلىرىم چۈشتى،
لېكىن دېدىمكى مەن غۇنچە.
ئىشەندۈرمەك ئۈچۈن بارلىق
ھىيلەمنى ئىشقا سالسامۇ،
بىلىپ قالدى نېتەي ئەل-يۇرت
ئىكەن ئەخمەق ئەمەس ئۈنچە.

# 68

گۆھەر دەپ ئەسكى قوۇم دۆڭنى
كىگىز گۈرجەك بىلەن قازما،
تەپەككۇر بىغى ئۇشبۇ دەپ
ھاماقەت دەشتىدە ئازما.
قاچان ئالغان خېرىدارلار
قۇرۇق ئۆپكىنى ماي بۇ دەپ،
ئۆزۈڭنى نەقش دەپ ئالداپ،
ھاۋاغا كۈلدە خەت يازما.

# 69

هاياتلىقتا قالدۇ ھەربىر قەدەمنىڭ ئىزى،

شۇ ئىز سېنىڭ ھاياتلىق،تارىخىڭنىڭ دەل ئۆزى.

خام ئويلىما ئۆزگىلەر بىلمەيدۇ دەپ سىرىمنى،

بار ساڭا قارايدىغان ھەتتا تامنىڭمۇ كۆزى.

70

ماختالغاندا ئۇچمەن
گوياكى بىر پەي بولۇپ،
نۇرلىنىپلا كېتمەن خۇددى
تولۇن ئاي بولۇپ.
دەپ تاشلىسا بىرلىرى
ئەگەر نۇقسانلىرىمنى،
يەپلاۋەتكۈم كېلىدۇ
شىردەك غەزەپكە تولۇپ.

ئۇستىسى مەن ئۆزگىنى شوتا

قىلىپ، ئۆرلەشنىڭ،

ھەممە يەردە، ھەر ۋاقىت

مەنپەئەتنى كۆزلەشنىڭ.

خەقنىڭكىنى «مېنىڭ» دەپ

كەلتۈرۈپ ئىسپات ـ دەلىل،

مۇشتلاپ تۇرۇپ مەيدەمگە

مۇنبەرلەردە سۆزلەشنىڭ.

نۇرلىنىدۇ قەلب چوقۇم ئىلمنى يار ئەيلىسە،

ئىلىم ئۆچۈن ئۇيقۇنى كۆپرەك بىدار ئەيلىسە.

بېرىلىدۇ بەتەھقىق بىر كۈن ھېساب ئىلمىگە،

ساۋاتسىزنى «ئالىم» دەپ، ئالىمنى خار ئەيلىسە.

ماختىدى سېنى ئۇ،دېمەك بىر گەپ بار،

يا سەندىن نەپ كۆتەر،يا سېنى ساتار.

مىسال بار«بولمىسا بىرەر بالاسى،

نېمدەپ،غىلك سايدا بۇ قۇيرۇق ياتار؟»

# 74

دېھقان دېمەك دۇنيادا
هاياتلىقنىڭ تۈۋرۈكى،
ئەمگەك بىلەن تىنچ ۋە
تەڭ ياشاش ئۇنىڭ تىلىكى.
باشقىلارغا بىر ئۆمۈر
نەپ بەرسىمۇ يەنىلا،
نەپ بەرسەم دەپ سوقىدۇ
ئالتۇندەك ساپ يۈرىكى.

# 75

كەلمىسەڭمۇ ئامرىقىم،
كەلگەنلەرنى كۆرۈپ كەت،
ئالمىساڭمۇ ھېچنېمە،
ئالغانلارنى كۆرۈپ كەت.
گۆڭگۈرت دېگەن ئەسلى تاش،
يانسا بەك تەس ئۆچمىكى،
يانالمىساڭ تاشچىلىك
يانغانلارنى كۆرۈپ كەت.

باشقىلار ساڭا گەر قىلسا خۇشامەت،

دېمىگىن«ماڭا بۇ كەلگەن بىر ئامەت».

خۇشامەت ھېچقاچان بولمايدۇ قۇرۇق،

بار ئۇنىڭ كەينىدە بار چوقۇم نادامەت.

## 77

تۇرمۇشتا بار ئۇنىڭغا
بۇنى چاقىدىغانلار،
ئەمەل،مەنسەپ پۇتىغا
لەۋنى ياقىدىغانلار،
بىرەر جايدىن ئېچىلسا
نەپ تۆشۈكى ئەگەردە
شۇ تۆشۈكتىن يۇندىدەك
سىرغىپ ئاقىدىغانلار.

# 78

تۆزىتەلمەي ئۆزىمىزدىكى
ھەرخىل ئىللەتنى،
قۇتقۇزماستىن نادانلىق
سىرتمىقىدىن مىللەتنى.
ئۆتەرمىزمۇ چۈشەنمەي
«يارىتىشنى ياراتتىم،
يارىنىشنى ئۆزۈڭ بىل»
دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى.

79

كۆچلۈك مەن دەپ ئاجىزنى
قىلما بوزەك،ھاقارەت،
دەپ ئويلىما«ئۇندا يوق
قارشىلىققا جاسارەت».
بار ھاياتلىق يولىدا
ھەتتا چۈمۈلىدىمۇ
نى-نى يوغان نەرسىنى
سۆرەيدىغان ماھارەت.

# 80

هوقۇق دەيدۇ:«مەن كۈچلۈك،
بۇيرۇقۇمدىن پۇل چىقار»،
پۇل دەيدۇكى:«مەن كۈچلۈك
هوقۇقمۇ پۇلغا باقار.»
ۋىجدان دەيدۇ:«بەك شەيدا
بولۇپ كەتمە ئۇلارغا،
ئۇلارغا بەك شەيدالىق
تېگى يوق هاڭغا تىقار.»

# 81

## ماختىغاننى ماختايمەن

يوقنىمۇ بارقىلىپ،
نۇقساننى پەزىلەت،
سارىنى شۇڭقارقىلىپ .
ھە ـ ھۇ بىلەن ئۆز ئارا
قوللاپ چاپان يېپىشسا،
كۆرسەتكىلى بولىدۇ
ھىنگاننىمۇ نارقىلىپ.

رەھمەتلىك ئىدى ئۇ شۇنداق خۇش چىراي،

بەزىلەر دەر ئىدى ئۇنى«ماقۇلۋاي»

بىر ئۆمۈر ماقۇل دەپ،ئۆلەر چاغدىمۇ

جان ئۈزدى بىچارە ماقۇلغا تويماي.

## 83

هەقىقەت ئۇ كەش ئەمەس
ئۇخلاپ قوپۇپ ساپقىلى،
پۇل ئەمەس بولىدىغان
ئوغرىلاپمۇ تاپقىلى.
بۇس چىقىرىپ سىبىستىپ
«ئىپار چاچتىم»دەۋالما،
بولمايدىغۇ يەل بىلەن
نىجاسەتنى ياپقىلى...

## 84

تۆھپەم مېنىڭ يېنىقلىق
جىنچىراغنى پەرلىمەك،
ئادەت خۇنسا ئوغلۇمنى
ئەڭ يېتىلگەن ئەر دېمەك
ئاقىل بولغاچ بىلىمەن
ھازىر بازار چاققاننىڭ،
خىسلىتىمدۇر ئۆزگىنىڭ
جۇۋىسىدا تەرلىمەك.

85

دوستلۇق ئۈچۈن بەزىلەر
ھەدەپ قوشاق قاتىدۇ،
«دوست»دەپ تۇرۇپ دوستىنى
تۇيدۇرماستىن ساتىدۇ.
بۈگۈن سېتىپ،ئەگەردە
چۈشسە ئەتە ھاجىتى،
غىڭشىپ كېلىپ كۈچۈكتەك
ئايىغىدا ياتىدۇ.

## 86

ماختاپ سېنى ئۇچۇرسا

ئۇ پوستۇڭغا كىرىپ،

سۆزلىرىگە سىرىقمايدەك

كەتمىگىن ئېرىپ.

پەيتى كەلسە تۆھمەت

بىلەن سېنى ئۆلۈمگە

ئۈزىتىدۇ ئۆز ئۆيۈڭدە

زىياپەت بېرىپ .

87

چۈشەنمەك تەس،تولىمۇ
تەس ئىكەن ئىنساننى،
ئاۋۋال چۈشەن،كېيىن
ئۆيگە باشلا مېھماننى.
دوستۇم دېسە قاراقچىغا
كەتمە ئىشىنىپ،
بۆرە قاچان بىقىپ
بەرگەندى پاقلاننى؟

# 88

راۋاج تاپماس ئۆز ھەققىنى
چۈشەنمىگەنلەر،
خەق قىلغاننى قىلىشقا
ئىشەنمىگەنلەر،
ئۆز نېنىنى ئۆزگىلەرگە
تارتقۇزۇپ قويۇپ،
ئاچ قالغاندا ئۇشبۇ ناننى
تىلەپ يېگەنلەر.

# 89

تۈنۈگۈنلا پەرۋاز ئىدىڭ سامادا،

ئۇچۇش ساڭا خاستەكلا كۆك ھاۋادا.

بۈگۈن غەمكىن ئاپتوبۇستا، ئۆلەمسەن

ھارۋىغا چۈشۈپ قالساڭ ناۋادا.

هەيۋە بىلەن قول كۆتۈردۈڭ بوزەككە،

غەزەپ بىلەن سالدىڭ ھەتتا تەستەككە.

«ۋاي...»دېمىدى،بىر ئالايدى،ئويلىما

شۇ ئالييش كەلمەيدۇ دەپ كېرەككە..

# ژورناللاردىن پارچىلار

1

تالە ـتالە چاچلىرىڭ تالە

يۇمران لەۋلەر ياقۇت پىيالە

سەن ئۆزگىلەر ئۈچۈن بىر بەرگى بولساڭ

مەن ئۈچۈن ئەبدىل ئەبەد

كۆكتە يۇلتۇز زېمىندا لالە

## 2

سۆيگۈ نېمە ، مۇھەببەت نېمە؟
بۇنى جەزمەن بىلگۈم كېلىدۇ
كۆزلىرى ياش قىزلارنى كۆرسەم
تەلۋىلەرچە كۈلگۈم كېلىدۇ.
دەردى نېمە بىلگۈم كېلىدۇ.

# 3

قارىدىك كۆزۈڭدىن
چىقىلدى چاقماق
مەن كۆيۈپ بولدۇم كۈل،
سەن كەتتىڭ يىراق
ھەيرانمەن نېمىشقا
ئوت يېقىپ يۈردۈڭ ،
ئۆچۈرۈپ قويۇشنى
بىلمىگەن ئوماق

# 4

تەشنا ئىدىم «سۇ بەر» دېسەم، نىگارىم
قوياي دېدى لېۋىم بىلەن سۇغۇرۇپ
لەۋلىرىمگە يېقىپ تۇرۇپ لېۋىنى
ئىلىۋاپتۇ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ

# 5

تىرىكمۇ سەن ئۆلۈكمۇ يا؟
نېچۈن چىقمايسەن پىنھاندىن
قاچتىڭمۇ بارمۇ سەن ياكى
يۈز ئۆرۈپ پاك مۇھەببەتتىن

6

كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ گويا
يۈرىكىمگە چەنلەپ ئاتسەن
لېكىن،ساڭا تىكسەم كۆزۈمنى
كۆزلىرىڭنى ئېلىپ قاچسەن

# 7

قەلبىمنى دائىم ئوۋلايسەن
ئۆچكەن ئوتنى قايتا ياقىسەن
قولۇمنى سوزسام قاچىسەن
ئېيتقىنا ،ھۆر - پەرى جىنمۇ سەن؟!

# 8

ئايلانسىمۇ ئۆتمۈشكە گەرچە
خىيالىڭدىن كەتمەيدۇ شۇنچە
ئازابلىرى پاتسىمۇ جانغا
مۇھەببەت شېرىندۇر يەنىلا شۇنچە

# 9

قارىدىڭ بەكمۇ ئۇزاق
كۆردۈڭ كۆزۈمدىن نىمنى
بايقىدىڭمۇ كۆزۈمدىن
ساڭا بولغان سۆيگۈمنى

# 10

قىزىپ قەلبىم قەبرىستانىغا بىر قەبرە

كۆمۈپ قويدۇم كۆڭۈل سىرىمنى

ئاشكارا قىلمىدىم ھەتتا بىر قەترە

قىيىنغان بولسىمۇ گەرچە بۇ جاننى

# 11

لېۋىڭگە لېۋىمنى ياقسام

لېۋىڭنى ئىلىپ قاچتىڭ

ئالقىنىڭنى قىلىپ پەردە

شۇئان يۈزۈڭنى ياپتىڭ

# 12

توختا جانان كەتمە ئالدىراپ

سۆيۈۋالاي يەنە بىر قېتىم

سۆيۈشلەرگە قانمىدى لېۋىم

قېنىۋالسۇن ئاخىرقى قېتىم

13

چیدالمدىم هیچ قاچان

سەندىن بىردەم ئایرىلىپ

چۆنكى قەلبىم قەلبىمگە

قاپتۇ مەهكەم باغلىنىپ

# 13

تەنها قالغان چاغلاردا ئۆزی
یۏرەمدىكىن خیيال ئىچىدە
ئالداپ قویغان یارىنى بەلكم
یۏرەر يەنە قارغاپ ئىچىدە

# 14

ئشەنمسەڭ سۆيگۈمگە جنىم

قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ ياكى

يا يۈرەكنى بېرەيمۇ يىرىپ

سەن قانائەت تاپقىچە تاكى

ئابرال ئېلكتاپ بلوگى كەڭ تورداشلارنىڭ تۆرلۈك كومپيۇتېر ئېلكتاپلىرى، يانفون ئېلكتاپلىرىنى چۈشۈرۈپ كۆرۈشنى قارشى ئالدۇ. بىزنىڭ ئادرېسىمىز:

http://ilkitap.blogbus.com

2009-8-29